## ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

# بەخت تەبەسسۇمى شىنجاڭلىقلارنىڭ چىراي ئىپادىسى




□ لى ياڭ

بەخت دېگەن نېمە؟ مىڭ ئادەمنىڭ بەلكىم مىڭ خىل جاۋابى بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ بىپايان كەڭ تۇپرىقىدا يۈرگىنىڭىزدە، ئاشۇ تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چىرايلاردىن بۇ تۇپراقنىڭ كۈچلۈك تومۇر سوقۇشىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەربىر ئادەمتىكى ئادەمگە مەنسۇپ بولغان ئاشۇ ئىنچىكە، كونكرېت ئەمما «قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن» بەختنى ھېس قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

تىنچ، گۈللەنگەن دەۋرگە خۇشاللىق بىلەن ئۇلاشقان چاغدا، بۇ ئالتۇن كۈز مەزگىلىدە، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى يېڭى ئالغا ئىلگىرىلەش بۇرغىسىنى ئەمدىلا چېلىشى بىلەن، بىز يەنە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنىڭ گۈزەل پەيتىنى كۈتۈۋالدۇق. بۇ چاغدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى 65 ئادەمتىكى ئادەمنىڭ تەبەسسۇمىدىن ھاسىل بولغان «تەبەسسۇم تېمى»نى كۆرۈپ، بىز ھەم ھاياجانلاندۇق، ھەم كۆڭلىمىزدىن خۇشال بولدۇق.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ يۇرت - ماكان ئامان - ئېسەن، يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۈمىدكە تولغان.

«سىياسەتنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقىدا، يۇرتداشلارنىڭ يىغلىغانلىقى ياكى كۈلگەنلىكىگە قاراش كېرەك.» ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەنگەن ئاشۇ بەخت تەبەسسۇمى بۇ شانلىق مۇساپىنىڭ ئەڭ گۈزەل گۇۋاھچىسى.

يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقاندىكى ھاياجانلىق تەبەسسۇمى؛ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى مۇۋەپپەقىيەت تەبەسسۇمى؛ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئارامبەخش تەبەسسۇمى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى رازىمەنلىك تەبەسسۇمى... بۇ ھەربىر تەبەسسۇم مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان شىنجاڭلىقلارنىڭ ئايغى ئاستىدىكى بۇ تۇپراققا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىگە گۇۋاھ بولدى. تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا گۇۋاھ بولدى. «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش»نىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا جانلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىگە تېخىمۇ گۇۋاھ بولدى. مۇقىملىق پايدىسىدىن بەھرىلىنىپ، تەرەققىيات تومۇرىنى ھېس قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى ھېس قىلىپ، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە تەۋە بىر «بەخت تىزىملىكى» بار بولدى.

كۈلسىڭىز ھەقىقەتەن چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز! ئاپئاق باشلىنىش سىزىقى ئالدىلقاچان بېكىتىلدى، تەبەسسۇم توختاپ قالمىسۇن، بەختكە قاراپ ئاتلىنايلى، غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان شىنجاڭلىقلار غەيرەت قىلايلى!

ئۈندىدار كودىنى سكانېرلاپ
تېخىمۇ كۆپ خەۋەرلەرنى كۆرۈڭ